1978 يىل
فېۋرال
№3 (29)
باھاسى
2 تىيىن

ياشىسۇن ئازادلىق، دوستلۇق ۋەتىنى —
ئەڭلىككە يول ئاچقان سوۋېت ئېلى!

بىزنىڭ ۋەتەن

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش سوۋېت «ۋەتەن» جەمئىيىتى قازاق شۆبىسىنىڭ گېزىتى.

ئۇيغۇر گېزىتىنى مۇكاپاتلاش

ئالمۇتىدا، جۇمھۇرىيەتلىك دولەت ئۇيغۇر مۇزىكىلىق كومېدىيە تىياتىرىدا، جامائەتچىلىك ۋەكىللىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان جۇمھۇرىيەتلەر ئارا «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىغا قازاقىستان س س ر ئالىي سوۋېتىنىڭ پەخرىي يارلىقىنى تاپشۇرۇشقا بېغىشلانغان تەنتەنىلىك يىغىن بولۇپ ئۆتتى.

يىغىندا! قازاقىستان س س ر ئالىي سوۋېتى رىياسەتچىسىنىڭ رەئىسى س. ب. نىيازبېكوۋ سۆزگە چىقتى.

ئۇلۇغ ئوكتەبىرنىڭ غالىبىيىتى ۋە ك پ س س نىڭ لېنىنچى مىللىي سەياسىتى بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى بارلىق مىللەتلەر بىلەن خەلقلەرنىڭ ماددىي ۋە روھىي مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن چەكسىز ئىمكانىيەتلەرنى ئېچىپ بەردى. سوۋېت ئۇيغۇرلىرىمۇ بەخت-سائادەتلىك تەغدىرگە سازاۋەر بولدى. ئۇلار، بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى بارلىق مىللەتلەرگە ئوخشاش، سوۋېت ھاكىمىيىتى يىللىرى ئىچىدە ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھاياتتا مىسلى كۆرۈلمىگەن چوققىلارغا كۆتۈرۈلدى. ئۆتمۈشتە ئېزىلىپ، قالاقلىققا دۇچار بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى يورۇقلۇق، ئەركىنلىك ۋە ئىجاتكارلىق چوققىلىرىغا كۆتۈرۈلدى. ساۋاتسىزلىق ئاللىقاچان تۈگىتىلدى. جۇمھۇرىيەتتە ئونلىغان ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ئىشلەۋاتىدۇ، ياشلار مەملىكىتىمىزنىڭ ئالىي ئوقۇش جايلىرىدا مەلۇمات ئالماقتا. جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر تىياترى، قازاقىستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى ئىشلەۋاتىدۇ، ئۇيغۇر تىلىدا گېزىتلار ۋە ھەر خىل بىلىم ساھالىرى بويىچە كىتاپلار نەشر قىلىنماقتا.

گېزىت ئەمگەكچىلەرنىڭ بەينەلمىلەل تەربىيىسىگە زور كۆڭۈل بۆلۈپ كەلمەكتە، قېرىنداش خەلقلەرنىڭ دوستلۇغى توغرىلىق، سوۋېت ئادەملىرى پاراۋەنلىكىنىڭ ۋە مەدەنىيىتىنىڭ كۆتۈرۈلىشى توغرىلىق يازماقتا.

گېزىتخانلار رۇس كلاسسىكلىرىنىڭ، ھازىرقى سوۋېت ۋە چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ تەرجىمە قىلىنغان ۋە گېزىتنىڭ سەھىپىسىدە بىرىنچى قېتىم ئېلان قىلىنغان نەڭ ياخشى ئەسەرلىرى بىلەن ئۆز ئانا تىلىدا تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولماقتا.

س. ب. نىيازبېكوۋ يىغىلغانلارنىڭ ئالقىشلىرى ئىچىدە گېزىتقا جۇمھۇرىيەت ئالىي سوۋېتىنىڭ پەخرىي يارلىقىنى تاپشۇردى، تەھرىرات كوللېكتىۋىنى، ئىشچى ۋە يېزا مۇخبىرلىرىنى قىزغىن تەبرىكلىدى ھەم ئۇلارغا ئەمگەكتە يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلىدى.

«كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىنىڭ مۇھەررىرى ئابدۇللا مەشۇروۋ جاۋاپ نۇتۇق سۆزلىدى.

گېزىت كوللېكتىۋىنى جامائەتچىلىك ۋەكىللىرى، جۈملىدىن سوتسىيالىستىك ئەمگەك قەھرىمانى مەريەم نىيازوۋا، يازغۇچى ھېزمەت ئابدۇللىن، كونسېرۋاتورىيە تالىبەسى م. قاسىموۋا ۋە باشقىلار سەممىي تەبرىكلىدى.

مەشھۇر ئەدىپ تىلىكى



* * *

پېشقەدەم قازاق سوۋېت يازغۇچىسى، جەمئىيەت ئەربابى، قازاقىستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى غابىدىن مۇستافىننىڭ تۇغۇلغىنىغا 75 يىل تولدى. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت مەيدانىغا كىرىپ كەلگىنىگە ئەللىك يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولدى.

سۆز گۆھەرلىرىنىڭ زەرگارى غابىدىن ئاقساقال مەزكۇر جەرياندا «شىغانىق»، «داۋۇلدىن كېيىن» دېگەن رومانلىرى، «مىللىيونېر» قىسسەسى، «كۆز كۆرگەن» دېگەن خاتىرە ۋە بىر قانچە پيېسسە، كۆپلىگەن ھېكايە، ئوچېركلار، پۇبلىتسىستىك ماقالىلار يازدى.

بىز تۆۋەندە ئاقساقال يازغۇچىنىڭ ياش ئەدەبىياتچىلار ئالدىدا سۆزلىگەن نۇتقىنى ھاۋالە قىلدۇق.

* * *

ياشلار، قولىغا قەلەم تۇتۇپ مەيدانغا ئاتلانغان ياش ئەدىپلەر! سىلەر قازاقىستاننىڭ جاي-جايلىرىدىن پايتەختىمىزگە كېلىپ، قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ئوردىسى ئۇشبۇ ئىمارەتتە باش قوشۇپ ئولتۇرۇپسىلەر. قەدەملىرىڭلار قۇتلۇق، ئارزۇ-تىلەكلىرىڭلار خەيرلىك بولسۇن!

سىلەر شۇ ئاپتا ماڭا ئۆگىدىن تېخى يېقىملىق ئۇچۇم بولغاندەك كۆرۈنىسىلەر. ئاتا-ئانىلىرىڭلار تېخى قاتمىغان، سىلەرنىڭ كۆڭگەنلىرىڭلاردىن كۆرمىگىنىڭلار، بىلگەنلىرىڭلاردىن بىلمەيدىغىنىڭلار تېخى كۆپ. سىلەر ياشلىق كەبى بايىلىققا ئىگە. مەقسەتلىرىڭلار يۈكسەك. لېكىن ۋاقىت ئالدىرىغۇ، كۈتۈپ تۇرمايدۇ. ئەينە شۇنداق يۇقۇرى چوققىلارغا ئىنتىلىپ، تىرىشىپ يۈرگەن چاغلاردا مېۋىلىك ئىجادىي ئەمگەك تۇپەيلى خىزمەت كۆرسىتىپ، قابىلىيىتىڭلارنى دادىل نامايىش قىلىشىڭلار لازىم.

ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىدىكى ئىستىقامەت بەك قىيىن، بەك كۆپ كۈچ-غەيرەت تەلەپ قىلىدۇ. گەرچە ئاسانلاشتۇرۇپ، بۇ مۇرەككەپ جەرياننى ئالدىراتساڭلار، ئوكۇنىسىلەر. شۇڭا بۇ ئىشقا بەلنى مەھكەم باغلاپ كىرىشىش زورۇر.

ئەدەبىياتنىڭ ئۇپلۇك مەقسىتى — ئادەملەرنى تەربىيەلەشتۇر. ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ ھەم كۈچلۈك، ھەم نەپىس، ھەم كۆركەم بولۇشىنى خالايدۇ. ئۇنىڭغا قانداق ئېرىشىش مۇمكىن؟ ئۇنىڭ پىنھان سىرى نەدە؟

ئۇنىڭ سىرى، ئوي — پىكىر، تىلىنى بىلىشتىن ئىبارەت. ئەدەبىيات ئوي-پىكىر ۋە تىلنىڭ مېۋىسىدۇر. ئوي-پىكىر نە قاتارلىق چوڭقۇر، تىل نە قاتارلىق ئۆتكۈر بولسا، ئەسەر شۇ قاتارلىق كۈچلۈك بولسا كېرەك. گەرچە ئوي-پىكىر ئۆزە، تىل گادىي بولسا، ئەسەر قەدىر-قىممىتىنى يوقىتىدۇ، كىتاپخانلارنى بەزدۈرىدۇ.

ئوي-پىكرىم چوڭقۇر، ئېتىك بولسۇن دېسەڭ، ھاياتقا، ئادەملەرگە ئارىلاش، ئۇنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ-قالقىپ يۈرمە، ئېگىگە سۈڭگۈپ-باش چوكەر. گۆھەرمۇ دېڭىز ئۈستىدە ئەمەس، ئېگىدە ياتىدۇ. تىلىم ئۆتكۈر بولسۇن دېسەڭ، خەلق بىلەن ئېغىزمۇ ئېغىز، يۈزمۇ يۈز سۆزلىشىۋەر، ياخشى كىتاپلاردىن ئوقۇپ ئۆگىنىشكە ئېرىنمە. ئالدى بىلەن ئۆز خەلقىڭ، ئۆز زامانەڭنىڭ يازغۇچىسى بول! يازغۇچىغا مۇندىن زىيادە ئارزۇ-ئارمان، مۇقام-مەرتىۋە يوق. بىز ئۆزىمىز بەرپا قىلغان سوتسىيالىزم دۇنياسىنىڭ تۇنۇگۈنكىسىدىن بۈگۈنكىسى، بۈگۈنكىسىدىن ئەتىكىسى قىزىق ئېكەنلىگىنى ھەققانىي تەسۋىرلەپ بەرگەن يازغۇچى ئۇلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ نامى ئەل ئاغزىدا قالىدىغانلىغى شۈبھىسىز.

يازغۇچى، ھەممىدىن ئىلگىرى، ئۆز مىللىتىنى سۆيىدۇ. ئۆز مىللىتىنى سۆيۈشنى بىلگەن كىشى ئۆزگە مىللەتنى سۆيىدۇ. ئەلھاسىل، خەلقنىڭ ئۆزىگە خاس، ئەسىرلەر بويى ياشاپ كەلگەن تىلى، مەدەنىيىتى، سەنئىتى، دەستۇرى بار. بۇنى بىلمەسلىك ياكى ئۇنىڭغا ئېتىۋار بەرمەسلىك — شۇ خەلق ئۆزىنى ھاقارەتلەش دېمەكتۇر. مانا بۇنى بىزگە سوۋېت ھاكىمىيىتى بەرپا بولغاندىن تارتىپ، تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر كوممۇنىستىك پارتىيە قۇلىقىمىزغا قۇيۇپ كەلمەكتە ۋە سوتسىيالىزمغا خىلاپ كەلمەيدىغان ئالىيجاناپ مىللىي خىسلەتلەرنى، مىراسلارنى ساقلاپ، بېيىتىۋېرىش ئۈچۈن بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى تۇغدۇرۇپ بەرمەكتە. بىراق بۇنى مىللەتچىلەر ئۆتكەندە بۇرمىلاشقا ئۇرۇندى. مىللىتىنى سۆيۈشنى مىللەتچىلىككە، مىللەتچىلىكنى بايچىلىققا جورىدى. كۈرەش جەريانىدا مىللەتچىلەرنىڭ ئەينە شۇ مەقسەتلىرىنى دەپسەندە قىلىپ بىر ۋاراقى تىندۇق. سىلەر بىزنىڭ ياش ۋاقتىمىزدىكى كەسكىن سىنىپىي كۈرەشلىرىمىزگە ئارىلىشالمىدىڭلار. لېكىن ھايات بار يەردە كۈرەش بار. بىز ئۇ كەملەردە مىللەتچىلەرگە قارشى كۈرەشكەن بولساق، سىلەر ئەندى مىللەتسىزلىك بىلەن كۈرىشىڭلار. «شەكلى مىللىي مەزمۇنى سوتسىيالىستىك» دېگەن تەلىمات بىلەن قوراللىنىڭلار. ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ شۇندا، توپ-توغرا غالىبىيەت مەنزىلىدىن چىقىسىلەر.

ئۆز خەلقىنىڭ تارىخىي، ئۆرپى-ئادىتىنى نە بۈگۈنكى، نە قېدىمىي ئەدەبىياتىنى، بەدىئىي سەنئەت بايلىغىنى، خەلقىنىڭ ئۆزگىرىۋاتقان خۇلقى-مىجەزىنى بىلمەيدىغانلار، بىلسە چالا بىلىدىغانلار چوڭ ئەدەبىياتنى بەرپا قىلالمايدۇ. مۇنداقلار ئەدەبىياتقا ئارىلاشسا، ئەدەبىياتنى ئاللىقانداق يارغا ئاپىرىپ، ھەممىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ھالاكەتكە ئۇچرىتىدۇ.

سوۋېت ئەدەبىياتى ھەر خىل گۈللەرگە ئوخشىغان، تۈرلۈك خۇش ھىدلىق گۈلشەن باققا ئوخشايدۇ. ئۇنى بۇ خىل گۈللەندۈرگەن ھەر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىدۇر. ئەگەر گۈلنىڭ ئۆزى ۋە ھىدى بىر خىل بولسا، ئۇ باغ مۇنچىلىك گۈزەل، ئەجەپلىنەرلىك بولماس ئېدى. شۇڭلاشقا مىللىي ئەدەبىيات، مىللىي خىسلەتلەر، مىللىي سۈپەتلەر يارقىن كۆرۈنىشى كېرەك.

ئەدەبىيات ئۈچۈن مازمۇ خەلق ئارىسىدىنلا تېپىلىدۇ، ئەسەرلەر خەلق ئۈچۈنلا ئىجات قىلىنىدۇ. ئەدىپنىڭ ئوي-پىكرىنى خەلققە تىل يەتكۈزىدۇ. تىل قۇدرەت-كامالىتىنى ئەركىن ئىشلىتىشكە قادىر بولغان يازغۇچى كىشىلەر سىر-ئەسرارىنىمۇ ئەركىن ئىگىلەيدۇ.

ئادەمنىڭ ئادىمىلىك، مىللەتنىڭ مىللىي خىسلەتلىرىنى ساقلاش ئۈچۈن تىلنىڭ نەپىس ۋە ئۆتكۈر بولۇشى شەرت.

بۈگۈنكى ياشلار-ئاتىلا ئەتىكى جەمئىيەتنىڭ ئىگىلىرىدۇر. دېمەك، ئۇلارنىڭمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ۋارىسلىرىغا ئېيتار ئەقلى، مەسلىھىتى بولىدۇ. ئەينە شۇنى ئۇشبۇ كۈندىن باشلاپ، ئەقىل قاچىسىغا قاچىلىمىسا، كېيىنكى پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تېپىلماي قالىدۇ. كۆرە بىل، دىلىغا توقۇشنى بىل. بىز ئاغا ئەۋلاتلار سوتسىيالىزم يولىنى كۆرسىتىپ، كوممۇنىزم يولىنى بەلگۈلەپ، ئەدەبىيات ئۆلگە-ئەنئەنىلىرىنىمۇ سىزىپ قالدۇرۇشتا ئىستىقامەت قىلدۇق. بىرىڭلار قەلەم بىلەن، بىرىڭلار بىلەك كۈچى بىلەن ئاتقۇزارسىلەر، ئەيتەۋىر، ئەۋلاتلار بەجا كەلتۈرەلمىگەن ئارزۇ-ئارمانلارنى سىلەرنىڭ زىممەڭلارغا يۈكلەيدۇ. شۇ ئىشەنچ-ئۈمۈتنى ئاقلاپ، سىلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلارغا ئۈلگە-ئەندىزە بولۇشۇڭلارنى تىلەيمىز.

ئانا ھاغدا تۇرغاندا...

مەن ھەر قاچان يېزامغا بارغاندا ئادىتىم بويىچە ئەڭ ئالدى بىلەن ۋۇتىنىڭ موتىۋەر ئادەملىرى، ئۇرۇش ۋە ئەمگەك مەردانىلىرى ئالدىغا كىرىپ، سالام بېرىپ چىقىمەن.

مانا ئالدىمدا - مېنى بوشۇگۇمدىن تارتىپ بىلىدىغان پاتەم ھەدەم. قورۇق بېسىپ كەتكەن ئۇزلىرىدە، مېنى كورۇشى بىلەنلا، شاتلىق ئەكسى ئورلىنىدۇ.

- ئەر يېتىپسەن، - دەپ سوز باشلايدۇدە، كوزىگە جىق ياش ئالىدۇ. ئەسلىدە ئانىلار ئىچىگە سىغدۇرالمىغان خوشاللىق ھىسسىياتىنىمۇ، قايغۇ- ھەسرەت ئالامەتلىرىنىمۇ كوز يېشى بىلەن ئىزھار قىلىدۇ. ئامما بۇگۇنكىسى خوشاللىق يېشى. بۇ خوشاللىقنىڭ تارىخى ئۇزاق.

... ئىككىمىز ئولتۇرۇپ ئوتمۇشنى ئەسلەپ كېتىمىز. بىزغۇ ئۇ چاغلاردا تېخى گودەك. ئويۇن باللىرى ئىدۇق. پەقەت بۇگۇنكى كۇنىنىڭ چوققىسىدىن قارىساق، ئانىلار ئۇچۇن ئوتمۇشنىڭ نە قەدەر ئېغىر ۋە قايغۇلۇق بولغانلىقىنى سېزىمىز.

جېلىل ئاكام بىلەن پاتەم ھەدەممۇ ياش بولغان. ئاتا- ئانىسى كەمبەغەل بولغانلىقتىن، ئۇلارنى كىچىكىدىنلا بايلارغا چاكارلىققا بەرگەن. پەقەت ئوكتەبىر ساداسلائۇلارنى چاكارلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىنسانىي بەختكە ئېگە قىلغۇزدى. ئاندىن ئىككىسى، يېڭى قۇرۇلغان قوشچىلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولۇپ كىردى. ئوز قوللىرى بىلەن كېلەچەك پارلاق ھاياتنىڭ ھۇلىنى قۇرۇشقا باشلىدى.

- قانداق بەختلىك كۇنلەر ئىدى، - دەپ ئەسلەيدۇ پاتەم ھەدەم، - جېلىل ئىككىمىز تاڭ بىلەن تۇرۇپ، ئاخشا ئېتىپ ئېتىزغا كېتەتتۇق. ئەتىدىن كەچ كىرگىچە ئىشلىسەكمۇ، ھارغىنىمىزنى تۇيماتتۇق. چۇنكى بىز ئوزىمىز ئۇچۇن، باللىرىمىزنىڭ بەختى ئۇچۇن ئىشلەۋاتقىنىمىزنى ياخشى بىلەتتۇق.

راست، ئەركىن ئەمگەك ئادەمنى ھارغۇزمايدۇ. شۇ روھي مەدەتتىن كۇچ ئالغان رازاقوۋلار، ژىللارنى ژىللارغا ئۇلاپ، ئوي-ئوتاقلىق بولۇپ، تۇرمۇشىنىمۇ تۇزەۋالدى. ئىلگەركى باتراقلارنىڭ ماڭلىيغا مال پۇتتى، يەرگە ئېگە بولدى. ئاڭغىچە بەش بالىغا ئاتا- ئانا بولدى، باللىرىنىڭ چوڭى مەكتەپكە ماڭدى. ئامما بۇ بەختلىك دەقىقىلەر ئۇزاققا سوزۇلمىدى.

يېزىنىڭ شىرغۇراندىكى ئوغۇللىرى ۋەتەننى، ھاياتنى، ئوز بەختىنى ھىمايە قىلىشقا ئاتلاندى. ئەندىشىلىك، تەشۋىشلىك كۇنلەر باشلاندى. ئەندى كولخوزنىڭ ئوقتى، تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقى ئانىلارنىڭ، باللارنىڭ ئۇشىنىسگە ئارتىلغان ئىدى. ئامما ئۇلار گاڭگىراپ قالمىدى. غالىبىيەت تەغدىرى پەقەت مەيدانىدىلا ئەمەس، بەلكى ئارقا سەپتىكى غەيرەتلىك ئەمگەككىمۇ باغلىق ئېكەنلىگىنى چۇشەنگەن ئانىلار بەلنى مەككەم باغلاپ، ئەرلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇردى. باللار بىردىنلا ئەر يېتىشىپ، ئويۇنلىرىنى تاشلاپ ئېتىزغا ماڭدى. ئاياق ئايانغان بوۋايلار ئاپتاپنى تاشلاپ خامانغا ماڭدى. ئۇيقا بۇزۇلدى، ھادۇق ئۇنتۇلدى. ئەل بېشىغا چۇشكەن دەھشەتلىك ئاپەتنى يېڭىش ئۇچۇن، ئوز قوللىرى بىلەن قۇرغان پارلاق ھاياتنى ساقلاپ قېلىش ئۇچۇن چوڭ- كىچىك ھەممىسى بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، ئارقا سەپتىكى مەيدانغا ئاتلاندى.

ھەممە ئەرسە مەيدان ئۇچۇن- غالىبىيەت ئۇچۇن پىدا قىلىندى. باللارنىڭ رىسقىسى كېمىيىپ، تېرىلگەن ھەر بىر باشاق مەيدانغا ئەۋەتىلدى. ھەتتا كۇندىلىك نورما بىر قوشۇق تالقانغا چۇشۇپ قالغاندىمۇ ئاچارچىلىق، ئېغىر ئىش ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرالمىدى. مەيداندا ئەرلەر قان توكۇپ، ئەزىز جېنىنى قۇرۇۋان قىلىۋاتقاندا، بۇ يەردىكى قىيىنچىلىقلار كوزگىمۇ كورۇنمىدى. كەچ كىرگىچە ئېتىزدا ئىشلەپ كېلىپ، كېچىلىرى بىر ئويگە ژىغىلىشىۋېلىپ، مەيدانغا خەت يازاتتى. بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ياخشى، دۇشمەننى يېڭىپ قايتىڭلار، دەپ مەيداندىكىلەرنى روھلاندۇراتتى.

ئېگىرىۋاتقان ژۇڭلارنىڭ
ھەممىسى پەلەيگە.
قىزىل ئەسكەر يېڭىپ چىقسۇن
بىزنىڭ تەلەيگە.

بۇ كەچكىچە ئېتىزدا ئىشلەپ كېلىپ، كېچىسى بىر ئويگە ژىغىلىپ، مەيدانغا ئەۋەتىش ئۇچۇن پايپاق، پەلەي توقۇيدىغان ئانىلارنىڭ چىقارغان قوشىقى. ئوز بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، پارلاق كېلەچەككە ئىشەنگەن ژۇرەك ناخشىسى.

كۇلۇشنى ئۇنتۇپ قالغان باللار جىددىيلىشىپ، ئاتىلارنىڭ يولىغا قاراپ كوزى تالدى. قىرچاڭغۇ ئاتلار بىلەن سوقا ھايداش، كەچكىچە ئات دېۋىتىپ تولۇق تېپىش گودەك باللارغا ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار كوزلىرىگە ئۇمۇت ئۇچقۇنلىرىنى ياندۇرۇپ، مەيدانغا كەتكەن ئاتىلىرىنى كۇتەتتى. ئامما ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلدى. ژۇرەكلەرنى موجۇپ، ژۇتنى ژىغا- زېرىگە سېلىپ، قايغۇلۇق خەتلەر كېلىشكە باشلىدى.

دۇشمەنگە نىسبەتەن نەپرەت بىلەن تاشتەك قېتىپ كەتكەن ژۇرەكلەر ئۇنىڭغىمۇ بەرداشلىق بېرەلىدى. ئۇرۇش دەھشىتى جىپسىلاشتۇرغان، مەخسىتىمۇ بىر، قايغۇسىمۇ بىر ئادەملەر بىرىنىڭ ھەسرىتىنى ھەممىسى ئورتاق تارتىشتى. مانا بىر كۇنى پاتەم ھەدەمگىمۇ شۇنداق قەغەز كەلدى. بىردىنلا ھەيكەل كەبى قېتىپ قالغان ئۇ، بارلىق ھەسرىتىنى، ئەلەملىك قايغۇسىنى ئوز ئىچىگە سىڭدۇرۇپ كەتتى. جۇدالىقتا ئوز ئىرادىسىنى قارشى قويالىدى. ئەندى ئۇنىڭغا خوشاللىقمۇ، شاتلىقمۇ موشۇ مولدۇرلەپ قالغان باللار ئىدى. ھە، تىرىكلەرگە ياشاش كېرەك. باللارنىڭ ياشىشى ئۇچۇن، كۇچ- غەيرەتلا ئەمەس، بەلكى ياشلىق ھاياتىنىمۇ قۇرۇۋان قىلىش كېرەك ئىدى. ئانا ئوز- ئوزىگە تەسەللا بەردى، بۇ يالغۇز ئۇنىڭ بېشىغىلا چۇشكەن كۇلپەت ئەمەس ئىدى. ژۇتتىكى جۇگانلار، تېخى ئوڭلۇقىنە ھاياتنىڭ لەززىتىنى كورمەي، تۇل بولۇپ قالغان ئىدى.

مەن سوھبەتدىشىمگە سىنجىلاپ قارايمەن. بۇگۇنكى خوشال- خورام ئوتۇۋاتقان كۇنلەردىن بەھرىلىنىش، ھاياتقا شاتلىنىش ئوتلىرى ئۇچقۇنداپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولمايچۇ. مانا توكۇلگەن تەر، سەرىپ قىلىنغان ياشلىق زايە كەتمەپتۇ. بايا مېنى ئۇچراتقاندىكى كوز يېشىمۇ شۇنىڭ ئىپادىسى. ئارزۇلاپ ئوستۇرگەن، پەپىلەپ چوڭ قىلغان باللىرى بىر- بىرلەپ ھاياتتىن ئوز ئورنىنى تېپىپ، بىر ئىشنىڭ بېشىنى مۇكەممەل ئېگىلىدى. چوڭ ئوغلى ئاسىم كەتمەن ئىستىمالچىلار جەمىيىتىدە بۇخگالتېر بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئوكتەبىر ژۇتىنىڭ ھورمەتلىك ئادىمى. تىببىي ئۇچىلىشىبىسىنى پۇتەرگەن. ئۇ بۇگۇنكى كۇندە س.س.س.ر سالامەتلىكنى ساقلاش ئەلاچىسى. توختىخان كولخوزدا چارۋىچىلىق مۇتەخەسسىسى، تۇراخان دېخانچىلىق بىلەن مەشغۇل. تۇداخۇن ئالىي بىلىملىك پېداگوگ. بۇ ئائىلىدە ئىككى كېلىن- رىزۋانگۇل بىلەن گۇلنۇرمۇ ئالىي بىلىملىك ئوستازلاردۇر.

ھە، پاتەم ھەدەمنىڭ پەخىرلىنىشكە ھەققى بار - ئاتىلار بەرگەن قۇرۇۋاللار، ئانىلار توككەن تەر بەدىلىگە ساقلىنىپ قالغان بۇ بەختىيار ھاياتىمىز كىمنىلا بولسۇن خۇرسەن قىلماي قويمايدۇ.

راست، پاتەم ھەدەمنىڭ مىننەتدارلىق سوزى بىلەن ئېيتساق، باللارنى تەربىيلەشكە ۋەتەن ياردىمىنى ئايىمىدى.

ئانا ھاغدا بولىدىكەن، ۋەتەن ھاغدا بولىدىكەن، كوڭۇل ئاسمىنىمىز ئېگىز، ھاياتىمىز ھامان قۇياشلىق بولغۇسى.

ئى. جەلىلوۋ.
ئۇيغۇر رايونى،
كەتمەن يېزىسى.



تالدىقورغان ئوبلوسىدىكى مۇسابېكوۋ نامىدىكى سوۋخوزدا ياش قويچىلارنىڭ «جالىن» ناملىق برىگادىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا تەجرىبىلىك چوپان نۇرغازى ئۇشكەنبېروۋ باشچىلىق قىلىدۇ.

قىسقا خەۋەرلەر

ياشلار ژىغىنى

يېقىندا ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى موسكۋادا بۇلغارىيە، پولشا، گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى، موڭغۇلستان، كۇبا، ۋيېتنام ۋە س.س.س.ر ستۇدېنتلىرى قاتناشقان خەلقئارا ژىغىنى بولۇپ ئوتتى. ژىغىندا قازاقستاننىڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىن بارغان ستۇدېنتلار ئوز دوكلادلىرىدا جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ كېيىنكى ژىللاردا قولغا كەلتۇرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى سوزلەپ بەردى. قازاقستان دولەت دارىلپۇنىنىڭ ستۇدېنتى ب. ئوتارباييېۋانىڭ- مەدەنگە باي ئالتايدىكى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىدا- پەن- تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنىڭ قانداق قوللىنىلىۋاتقانلىغى توغرىلىق دوكلادى ئىنتايىن قىزىقارلىق بولدى. ستۇدېنتلار ت. قادىرمانوۋ، س. قارمانوۋالارنىڭ دوكلادلىرىمۇ ژۇقۇرى باھاغا ئېگە بولدى.

يېڭى ئىلمىي مەركەز

ئالمۇتىدا يېڭىدىن يەنە بىر ئىلمىي مەركەز- كاردىولوگىيە ئىلمىي- تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئېچىلدى. كاردىولوگىيە دېگىنىمىز ژۇرەكنىڭ قۇرۇلۇشىنى، پاتالىيىتىنى، ئاغرىغىنى، ژۇرەك تومۇرلىرى كېسەللىكلىرىنىڭ سەۋەپلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان تېببىي پەننىڭ بىر ساھاسى. ئۇ ژۇرەك كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

مەزكۇر ئىنستىتۇت ئۇچۇن يېڭى چوڭ بىنا قۇرۇلماقچى، بۇ يەردە كېسەل ئادەملەر تونۇلغان ئالىملارنىڭ كۇزىتىشى بىلەن داۋالىنىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئىلمىي مەھكىمە قازاقستاندا ئوسىدىغان ئوسۇملۇكلەردىن دورا- دەرمەك ياساش تەجرىبىسى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ.

تازىلاش داۋام قىلماقتا

نيۇ- يورك. (تاس س). ئامېرىكا ئاگېنتلىقلىرى يەرلىك ختاي رادىوستانسىيەلىرىگە ئاساسلىنىپ، مىللىتى ئۇيغۇر بولغان سەيپىدىن ختاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ- ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارلىق لاۋازىمىدىن، شۇنداقلا شىنجاڭ- ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونى ئىنقىلاۋىي كومىتېتى رەئىسى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىرىنچى سەياسىي كومىسسارى لاۋازىملىرىدىن بوشىتىلغانلىغىنى خەۋەر قىلدى. سەيپىدىن، كوزەتكۇچىلەر پىكرى بويىچە، شىنجاڭ- ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونىدا ئىلگىرى ئېگەللەپ كەلگەن ھەممە لاۋازىملىرىدىن چەتلەشتۇرۇلگەندىن كېيىن، ختاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سەياسىي بيۇرو ئەزالىغىغا كاندىداتلىق ۋە ئۇمۇمىي ختاي خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتايى دايىمىي كومىتېتى رەئىسىنىڭ ئورۇنباسارلىق لاۋازىملىرىدىنمۇ مەھرۇم بولىدۇ ياكى مەھرۇم قىلىنغان. سەيپىدىن ماۋزېدۇڭ ئولۇپ، ئۇنىڭ ئايالى جاڭچىڭ ھەم ئۇنىڭ ئۇچ مەسلەكدىشى قامالغاندىن كېيىنكى دەۋردە ختايدا كەڭ مىقياستا ئوتكۇزۇلىۋاتقان تازىلاش پەيتىدە ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېڭى رەھبەرلىرى ئارىسىدا جازالانغان ئەڭ ئالىي ئەرباپتۇر.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، شىنجاڭ- ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونىدا سەيپىدىننىڭ لاۋازىملىرىنى ختاي ۋاڭ فىن ئېگەللىگەن.

ئۇيغۇر سەنئىتىگە بولغان يۈكسەك قىزىقىش

ئۇيغۇر خەلق ئەمەلي سەنئىتىنىڭ ئالمۇتىدا ئېچىلغان چوڭ كورگەزمىسى جامائەتچىلىكنى ئىنتايىن قىزىقتۇردى. بۇ ھەقتە بارلىق جۇمھۇرىيەتلىك گېزىتلەر، ماقالىلار، رېپورتاژلار ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلاردا ئۇيغۇر خەلق سەنئىتىنىڭ قېدىمي تارىخقا ئېگە ئىكەنلىگى، شۇنداقلا ئۇنىڭ مەزمۇن ۋە ماۋزۇ بايلىغى ئالاھىدە تەكىتلەندى.

يېقىندا موسكۋادا چىقىدىغان مەركىزي «سوۋېتسكايا كۇلتۇرا» («سوۋېت مەدەنىيىتى») گېزىتى «ھەم قېدىمي، ھەم ياش سەنئەت» دېگەن سەرلەۋھە ئاستىدا رەسىملىك رېپورتاژ ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭدا مونۇلار يېزىلغان: «ئۇيغۇر ئەمەلي سەنئىتىنىڭ كورگەزمىسىنى نەچچە مىڭلىغان ئالمۇتىلىقلار ۋە قازاقستان پايتەختىنىڭ مېھمانلىرى زىيارەت قىلدى. ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تالانتلىق ئۇستىلىرى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن ئەرسىلەردە قېدىمي ماھىرلارنىڭ ئالتۇن قوللىرىنىڭ ئىز- تامغىلىرى بار».

گېزىت مەزكۇر كورگەزمىنى تەشكىل قىلىشتا پائال خىزمەت كورسەتكەن ياش رەسسام، ئەققاش ئازات ھاكىمبەك ھەققىدە سەمىمي سەترلەرنى يازىدۇ ۋە ئازاتنىڭ: «پەقەت ئۇلۇق ئوكتەبر ۋەتىنىدىلا ئۇيغۇر سەنئىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن بولۇپ قالدى» دېگەن سوزلىرىنى مىسالغا كەلتۈرىدۇ.

رېپورتاژدا ئېپارخانىنىڭ ئازات ھاكىمبەك تەرىپىدىن ئىجات قىلىنىپ، كورگەزمىگە قويۇلغان چوڭ نەققەشلىك رەسمى، شۇنداقلا قېدىمي بۇيۇملار كورسىتىلگەن.

مۇزىكا مەكتىۋى

قازاق خەلقى مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەندىن تارتىپلا ئۇنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى قېلىپلاشتى. ناخشا ۋە كۈيلەردە خەلق ھاياتىنىڭ خىلمۇ-خىل دەۋرلەردىكى تىرىكچىلىگى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. دومبىرا ياكى قوبىزغا تەڭكەش- جور قىلىپ ناخشا ئېيتىش، ساز چېلىش تەرەققىي قىلدى. قازاق مۇزىكىسىنىڭ تارىخي تەرەققىيات يولىدا مىللي سەنئەتنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرىنى ئىجات قىلغان ئىستىداتلىق كۈيچىلەر ۋە ناخشىچىلار بولدى.

مانا شۇنداق مەدەنىيەت غەزىنىسىنى ياش ئەۋلاتقا ئۆگىتىپ قۇرمانغازى، ئىقلاس، تەتتىمبېت، قازانقاپ، داۋلېتكېرېي كەبى كۈيچىلەر، بىرجان، ئاقان سېرى، جاياۋمۇسا، مۇخىت ئوخشاش ناخشىچىلارنىڭ سەنئىتىگە ۋارىس تەييارلاپ يېتىشتۈرۈش سوۋېت دەۋرىدە ئالاھىدە قولغا ئېلىندى. ياشلارغا مۇزىكا بىلىمىنى بېرىدىغان مەكتەپلەر ئېچىلدى. شۇلارنىڭ بىرى گۇرىيېۋ شەھىرىدىكى مۇزىكا مەكتىۋىدۇر.

مەزكۇر مەكتەپنىڭ مىللي چالغۇ ئەسۋاپلىرى، رويال، تار ئەسۋاپلىرى، خور بولۇملىرى بار. پەقەت موشۇ مەكتەپنىڭ ئوزىدىلا 15 ژىل مابەينىدە ئوقۇغان قازاق ياشلىرى بىلىم ئېلىپ، كەسپي كۈيچى، ناخشىچى بولۇپ چىقتى. مەزكۇر بىلىم يۇرتىنى تۈگەتكەنلەر ئومۇمي بىلىم بېرىدىغان مەكتەپلەردە ناخشا دەرسىنىڭ مۇئەللىمى، تىياترلاردا ئورۇنلىغۇچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. كونسېرۋاتورىيەگە چۈشۈپ ئالي مەلۇمات ئالىدۇ.

بۇ بىلىم دەرگاھىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپتە بىلىم ئېلىۋاتقان پەيتىدە چارۋىچىلارغا، بېلىقچىلارغا، نېفتچىلارغا ئوز ھۈنەرلىرىنى كورسىتىپ تۇرىدۇ.



سۈرەتتە: ئۈچىنچى كورس ئوقۇغۇچىسى ن. نۇرسۇلتانوۋا ئۇستازى قوبىزچى ر. جونىدۇبايېۋادىن دەرس ئېلىۋاتىدۇ. س. ئامانجولوۋا ئوۋەتتىكى كونسېرتقا تەييارلىنىۋاتىدۇ.

تەۋەرۈك نەغمە

ئىككى قەۋەتلىك چىرايلىق ئىمارەت دەھلىزىدىكى باسقۇچنى بېسىۋېدىم، روپۇرامدىكى بولمىدىن ئەللەي ئۈنى ئاڭلاندى.

ئەللەي، بالام، ئەللەي،
ئۇخلا، بالام، ئەللەي.
چاپسان ئوسۇپ- چوڭ بولغىن،
ئىلىمغا قەدەم قويغىن.
ئەللەي، قوزام، ئەللەي
. . . .

ئىدارىدە بالا پەپلەپ ئولتارغان كىمدۇ؟- بىر مەزگىل تېڭىرقىدىمدە، ئىشىم ئالدىراش بولغىنى ئۈچۈن ژۇقۇرى كوتىرىلدىم.

ئاردا بىر يېرىم سائات ئوتكەندىن كېيىن تاماكا چەككىلى دەھلىزگە چىقىۋېدىم، توۋەندىكى بايىقى بولمىدىن ياڭرىغان بىر كۈي ئاڭلاندى. دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىۋېدىم، يۈز ياشىغان دىنا نۇرپېيسوۋانىڭ «ئەسىم قوڭىر» دېگەن كۈيى ئىكەن. يېنىمدا تۇرغان ئورال ئوبلۇسلۇق نابىنالار جەمىيىتىنىڭ رەئىسى تىلېگېن دوسجانوۋقا بېقىۋېدىم:

—دىنانىڭ جيەنىغۇ،— دەپ قويىدى.

—ئون ژىلدىن بېرى بىزنىڭ نابىنالار جەمىيىتىدە ئىشلەيدۇ، ئوتكەن ژىلى مەشەدىكى ئىسلام بىشايېۋ دېگەن ژىگىت بىلەن ئوي- ئوچاق بولۇپ، ئاستىنقى قەۋەتتىكى ياتاقخانىدىن بىر بولمە ئالغان. ھازىر ئۇنىڭ زاۋۇر ئىسىملىك ئارىسىدىسى بار. شۇنى ناخشا بىلەن ئەللەيلەپ، پەپلەيدۇ.

—ئېمىشكە؟!

سوئالىم جاۋاپسىز قالغاچقا، تىلېگېنگە قايتا باقتىم:

—دېمەك، دومبىرىچى ئىكەندە؟

—ئانچە ئۆز بولمىسىمۇ، ھەۋەسكار سەنئەتچىلەر ئومىگىگە قاتنىشىدۇ، ھەر ھالدا تالانتى بار. ئۇنىڭ بىر خىسلىتى شۇكى، ئۇ پەقەت دىنا نۇرپېيسوۋانىڭ كۈيلىرىنىلا چېلىپ، ئۇنىڭ ھەققىدە خاتىرىلەر ئېيتىشنى يارىتىدۇ.

—مۇمكىن، بىرەر سىر- ئەسرار باردۇ، بۇ يەردە؟

—نەدىن بىلەي.—تىلېگېن مۇرىسىنى كوتىرىپ قويىدى.— ئۇنى ئوزىدىن سوراڭ.

مەن سىرلىق بۇ سوھبەتنىڭ سەۋەپكارى بىلەن شۇنداق ئۇچراشقان ئىدىم. «دومبىرىنىڭ پىرى» ئاتالغان كومپوزىتور دىنا نۇرپېيسوۋانىڭ «ئەسىم قوڭىر» كۈيىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ھەققىدىكى گەپنى باغلا بېشايېۋا ژىراقتىن باشلىدى.

—دىنا موممىز 1955- ژىلى 94 يېشىدا، ئۇنىڭ سۈيۈملۈك قىزى- مېنىڭ ئانام قوڭىر 1967- ژىلى ئاتمىش يەتتە يېشىدا دۇنيادىن ئوتتى. ئۇ چاغدا مەن ژىگىرمە ئىككىدىن ژىگىرمە ئۈچكە قەدەم قويغان، ئەقلىمگە كېلىپ قالغان قىز ئىدىم.

مەن دەسلەپ ئانام بىلەن مومامنىڭ تەغدىر- قىسمەتداش ئىكەنلىگىنى ئېيتاي: 1861- ژىلى بېكتايقۇم دېگەن يەردە دۇنياغا كەلگەن موممىز ئون توققۇزغا كەلگەندە، بېرىشتىڭ بېسقاسقا ئاۋۇلغا كېلىن بولىدۇ. بىراق كوپ ئوتمەي ئۇنىڭ يولدىشى ۋاپات بولۇپ، كونا ئورپە- ئادەت بويىچە قېيىن ئىنىسىغا نىكاھ قىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كورگەن تورت قىزىنىڭ كەنجىسى قوجانى ئەكىلىتىپ قوڭىر دەپ ئات بېرىدۇ. مانا شۇ قوڭىر مېنىڭ ئانام بولىدۇ. ئەلھاسىل، ئاناممۇ ئىككىنچى نىكاھىدىن تورت پەرزەنت كورۈپتۇ.

موممىزنىڭ ئالمۇتىغا كوچىشى بىلەن ئانامنىڭ مەڭگۇ كەلمەس سەپەرگە يۈز تۇتىشى ئارىسىدا ئوتتۇز ژىل (1937—1967) ئوتتى. موممىز ئانىمىزغا مونۇ بىر گەپنى تەكرار- تەكرار ئېيتقان ئىكەن:

«قۇلۇنۇم! مېنىڭ بىلەن مەڭگۇ ۋىدالىشىش مەزگىلى يېقىنلاپ قالدى. پېشانەمگە پۈتكەن پەرزەنتىم ئىدىڭ. ئۈمرۈمدە تارتقان جەبرى- ماشاقىتىڭ كوپ بولدى. لېكىن ئارتۇقچە قايغۇرۇپ كەتمە. چۈنكى، كېلەچىگىڭ پارلاق. سوۋېت ھاكىمىيىتى باركى، ھېچ كىم ژىتىملىك كورمەيدۇ. تېخى ئەلىنىڭ ئالدىدا ئوزۇپ ژۈرەرسەن. پەرزەنتىڭ باغلانمۇ بەختلىك بولغۇسى. بۇ گېپىمگە ھېچقاچان شۇبھىلەنگۈچى بولما. مەن سېنىڭ بەختىيار كېلەچىگىڭگە بېغىشلاپ ئولمەس خاتىرە قالدۇردۇم. ئۇ سېنىڭ ئەندىكى گوزەل ئومرىڭنى ۋە ئىسمىڭنى ئىپادىلاپ تۇرىدىغان «ئەسىم قوڭىر» دېگەن كۈيۈم».

ھەقىقەتەن، مۇزىكا مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ھەققانىي تەۋسىپ- تەرىپلىرى بويىچە، «ئەسىم قوڭىر» ئامىغا مەزمۇنى تولىمۇ ئويغۇن بولۇپ، ھەر كىمنىڭ ئىسسىق قەلبىنى تەۋرىتەلەيدۇ. كۈينىڭ ساداسىدا بۇگۈنكى بەختلىك باللارنىڭ خۇش ئاۋازى ۋە شاد- مىسرۇر كۈلكىلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

ئېسىمدە، مەرھۇم ئانام ۋاپاتىدىن بىر كۈن ئىلگىرى مېنى چاقىرىۋالدىدە، ياستۇقتىن ئەسلىكتە بېشىنى كوتىرىپ:

—قۇلۇنۇم، موماڭنىڭ «كوكېنتۇن» كۈيىنى چېلىپ بەرگىنە،— دېدى. ئانام بۇ كۈينى مومامنىڭ قاچان، قانداق ئىجات قىلغىنىنى ئېيتىپ ژۈرەتتى. ئورۇش باشلىنىشتىن بىر ژىل بۇرۇن ئۇلۇق ئاقىن جامبۇل، ماشىنا بىلەن ئوغلى ئالغادايىنى ئالمۇتىغا ئەۋەتىپ، مومامنى چاقىرتىپتۇ. ئالاتاغنىڭ زەپ چىرايلىق ئېتەكلىرىدىكى جامبۇل ئاۋۇلىدا موماي ئۈچ كۈن مېھمان بولۇپ، قوزىلارنى كوگەنلەپ ژۈرگەن كېلىن- كېتەكلەرنى كورگىنىدە، كىچىكىدە ژىتىم قالغان يەڭگىسى كېرىبېزنى ئەسلەيدۇ.

ئەتىسى قوزا كوگەنلەپ ژۈرگەن بىر بالا، مومامغا ئانىسىنى بورە يەپ كەتكەن قوزا توغرىلىق «ئاق قوزا» دېگەن خەلق ناخشىسىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. مانا شۇ چاغدا مومامنىڭ قەلبىدە ئويغانغان «كوكېنتۇن» كۈيى جامبۇلنىڭ ئويىدە دەسلەپ دومبىرىدا چېلىنغان ئىكەن.

مەن بىلگىنىمچە، شۇ «كوكېنتۇن» كۈيىنى ئورۇنلاپ بەردىم. ئانام: «ئىشىكنى ئېچىپ قويساڭ، ئەتراپنى كورۈپ ئولتۇراي»،— دەپ مېنىڭ ئوڭ قولۇمنى ئوزىگە تارتتى. شۇندا بىر ئاز سۈكۈت قىلدىدە:

—موماڭ ئولۇشتىن 5—4 كۈن بۇرۇن دومبىراسىنى ئالدۇرۇپ، «ئەسىم قوڭىر»نى توگەل چالغاندا، قەدىرلىك ئۇستازى قۇرمانغازىنىڭ «مېھرىۋان ئانام» كۈيىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاياقلاشتۇرالماي دۇنيادىن ئوتكەن ئىدى. ئۇزۇندىن ساقلاپ كېلىۋاتقان، موماڭدىن قالغان تەۋەرۈك ئىدى بۇ. ئەندى ساڭا قالسۇن. موماڭنىڭ ئەرۋايى قوللاپ باللىرىڭنىڭ ئوز- كوزىنى سۈرتۇپ، سەنمۇ تەۋەرۈك قىلارسەن دەپ كىچىككىنە ياغلىقنى ماڭا ئۇزاتتى.

بۇ- 1967- ژىلى ئىدى. ئارىدا ئىككى قىش ئوتكەندىن كېيىن، ئورال شەھىرىدە نابىنالار ئىشلەيدىغان مەھكىمە بار ئىكەنلىگىنى ئاڭلاپ، موشۇ جايغا كەلدىم. ئويلاپ قارىسام، ئەزىز مومام بىلەن مېھرىۋان ئانام تىلىگەن بەخت قۇشى ماڭا دەل ئۇشبۇ دىياردا قونسا كېرەك.

ھېكايىسىنى شۇنداق ئاياقلاشتۇردى. ئوتتۇزدىن يېڭىلا ئاشقان كېلىنچەك دومبىرىسىنى يەنە قولىغا ئېلىپ، «ئەسىم قوڭىر» كۈيىنى ئاستا چېلىشقا باشلىدى.

قانايىيە بېكتايېۋ.

ئورال شەھىرى.

زور خوشاللىق

«ۋەتەن» جەمىيىتىنىڭ خادىملىرى! يېڭى ژىل بەيرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن سىلەرنى چىن كۆڭلۈمدىن تەبرىكلەيمەن. سوۋېت خەلقى ئازات، ئەركىن، بەختىيار ھايات بەرپا قىلماقتا. بۇ ئەلدە ھەر مىللەت ئۆز ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ- ئادەت ئەنئەنىسىنى ساقلاپ كەلمەكتە. سوۋېت ئۇيغۇرلىرىمۇ باشقا مىللەتلەر بىلەن بىردەك باراۋەر، ئەركىن ھايات كەچۈرمەكتە.

«ۋەتەن» جەمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇپ، چەت ئەللەردە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر، قازاق قېرىنداشلىرى بىلەن مەدەنىي ئالاقە ئورنىتىۋاتقانلىقى ئىنتايىن ياخشى بولدى. بىز بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇرسەنمىز. روھىمىز خېلى كۆتىرىلىپ قالدى. قۇياش ئورنىغا بۇلەنگەندەك بولدۇق. بىز بۇنى بىزلەرگە نىسبەتەن قىلىنىۋاتقان غەمخورلۇق، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ كەڭچىلىك سىياسىتىنىڭ نەتىجىسى دەپ بىلىمىز. بىز ۋەتەندىن چەتتە ژۈرگەن ئۇيغۇر، قازاقلار ئۆز بېشىمىزنىڭ غېمىنى يېيىشتىن ئېرىغا ئۆتەلمەي ژۈرىمىز. ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، قايسى مىللەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى چوڭ ئەۋلات بىلگەن بىلەن ياشلار، بىزنىڭ باللىرىمىز ياخشى بىلمەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ قالغانلارمۇ بار.

ئاڭ سەۋىيەمىزنى كۆتىرىشكە، مىللىي غورۇرىمىزنى ئويغىتىپ، ئېقىل كۆزىمىزنى ئېچىشقا «ۋەتەن» جەمىيىتى ياردەملىشىدۇ دېگەن ئۈمىدتىمىز.

شان- شۆھرىتىمىز ئۇسۋەرسۇن.

رۇقىيە خانىم.
ئاۋغانىستان.

يېڭى شېئىرلار

رۇقىيە خانىم

(غەزەل)

ژۇرتدىشىم ھەم قەردىشىم كەمىنە
ئارمىنى مىللەت،
قۇتلۇق بولسۇن ئىشىڭىز، بولۇپسىز
خادىمى مىللەت.

ئەلپتەك قەددىڭىز كورۇپ، ئىللىق
قەلبىڭىز سويۇپ،
ئىزھار ئېتەي چىن دىلدىن، بولۇپسىز
سادىقى مىللەت.

ۋىجدان ئىلە ياد ئەيلەپ، مىللىتى ئۇيغۇرنى
شەپقەت كاندىن سۇنۇپسىزكى قول
ياردىمى مىللەت.

مىللەت ئۈچۈن مېھرىبان، ژۇتداشىغا
جانىجان،
ھىممىتىڭىزگە ئاپىرىن بولۇپسىز
غەمخورى مىللەت.

نەچچە ژىلدىن بېرى توختاپ كوردۇم
كارۇ بارىنى،
ئىستىقامەت، ئىبادەتتە بولۇپ پەرۋانە
مىللەت.

زەخمەت ئىلە بەرپا بولغان ئول جەننەت
باغبانى سىز،
مىڭ چەندان ھەققىڭىز باردۇر بولۇرغا
بۇلبۇلى مىللەت.

كوكرەگىم يارسا كورىنەر مېنىڭ بۇ چىن
قەلبى رىشتىم.
مەلھەمى شولدۇر،ۋەتەنداش، مۇددىيىم-
مىللەتۇ مىللەت.

رەھىم ھۇشۇروۋ.

بىر ناخشام بار

بىر ناخشام بار ناخشىلارنىڭ ناخشىسى؛
ئېچىدىكى ياخشىلارنىڭ ياخشىسى.
دوستلىرىمنى كورگەندىلا ئېيتقىدەك،
دىلكەشلىكتە يوق ئۇنىڭدىن باشقىسى.

بىر ناخشام بار ئېيتسام ئېيتقۇم كېلىدۇ،
ئۇنى ئاق دىل ھەممە ئىنسان بىلىدۇ.
نەجاتلىقنى كۈيلىگەن ھەر ژۈرەككە،
جور بوپ ناخشام، زەپ خۇش ناۋا بېرىدۇ.

ئۇ ناخشامنى ئېيتسام، ئۇنۇم ئوچمەيدۇ،
ئۇ ناخشامنى ئېيتسام، كۆڭلۈم چوكمەيدۇ.
ئۇ ناخشامنى ئېيتمىغىچە ئاقىبەت،
دىلبىرىممۇ خۇش تەبەسسۇم ئوتمەيدۇ.

بىر ناخشام بار ژۇرىگىمنىڭ قېتىدا،
ئېيتىمەن پەيت تاپقىنىمدا ئېپىدا.
ناخشام ئۇلۇق ئارزۇلارنى كۈيلەيدۇ،
ئەژدادىم ھەم ئاگا بولغان جان پىدا.

مەن ئېيتالماي قالسام ئەگەر ناخشامنى،
بالام ئېيتار چاڭ كەلتۇرۇپ جاھاننى.
ناخشىسىدا مەدھىيلەيدۇ ئەۋلاتلار
پارلاق ئۆمۈر سۈرگەن كۈندۈز-ناخشامنى.

بېيىتلار

ئېگىز- ئېگىز دوڭلەردىن
سىرىلدىم تۈزگە.

قىزىل گۈلنىڭ غۇنچىسىدەك،
ئېگىلدىم سىزگە.

خاھى بىلىڭ، خاھى بىلمەڭ
خۇشتارمەن سىزگە.

خۇشتارلىقتا ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۇگالىم سىزگە.

مەيلى ئۆلۈپ كەتسەممۇ،
خۇمارمەن سىزگە.

ئۇگالىمغا قالماستىن
بىر قاراڭ بىزگە.

ئەگەر قاراپ قويمىسىڭىز
كويۇنۇپ بىزگە،

قىيامەتتە قازى بولىمەن،
سوراقتا سىزگە.

* * *

دوڭ يەرگە قوغۇن تەردىم،
پىلەكلىرى تۆز.

خەمەكلىرى پىشىپ قاپتۇ،
يارىم كېلىپ ئۆز.

مەن يارىمنىڭ كوڭلىنى ئىزدەپ،
تاياق يېدىم يۈز.

يەنە يېسەم شۇنچە يەرمەن،
نورۇمەيمەن ئۆز.

Иккинчи дәрис.

1. سوزۇق تاۋۇشلار قېلىن ۋە ئىنچىكە بولۇپ ئىككىگە بولىنىدۇ.

Созуқ тавушлар қелин вә инчикә болуп иккигә болиниду.

Sozuq tavuşlar qelin və incikə bolup ikkigə bolinidu.

قېلىن سوزۇق تاۋۇشلار: ئا، ئو، ئۇ، ى، يو، يا، يۇ. ئىنچىكە سوزۇق تاۋۇشلار: ئە، ئۆ، ئۈ، ئې (ئە)

ئې، ئى سوزۇق تاۋۇشلىرى بەزىدە قېلىن، بەزىدە ئىنچىكە ئېيتىلىدۇ.

Қелин созуқ тавушлар: А, О, У, ы, Ё, Я, Ю. Инчикә созуқ тавушлар: Ә, Ө, Ү, Э.

Е, И созуқ тавушлар бәзидә қелин, бәзидә инчикә ейтилиду.

Qelin sozuq tavuşlar: A, O, U. Incikə sozuq tavuşlar: Ə, Θ, Y, E.

I tavuşi bəzidə qelin, bəzidə incikə ejtilidu.

Мәсилән: А. ئابروي, абруй, abroj. سادا, сада, sada. ئال, ал, al.

Ә ئەلەم. әләм, ələm, مەكتەپ, мәктәп, məktəp.

بازاردا مىڭ كىشى، كوڭۈلدە بىر كىشى. (ماقال)

Базарда миң киши, көңулдә бир киши. (макал)

Bazarda miŋ kişi. kөŋildə bir kişi. (maqal)

2. ئا سوزىنىڭ بارلىق يېرىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: ئالاتاغ. ئارال. ئازات.

А сөзниң барлик йеридә келиду. Мәсилән: Алатағ, арал, азат.

A sөzniŋ barliq jeridə kelidu. Məsilən: Alataƣ, aral, azat.

ئە سوزىنىڭ بېشىدا، ئوتتۇرىسىدا ۋە ئاخىرىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: دەستۇر، دەرەخ، سەلتەنەت.

Ә сөзниң бешида, оттурисида вә ахирида келиду. Мәсилән: дәстур, дәрәх, сәлтәнәт.

Ə sөzniŋ beşida, otturisida və axirida kelidu. Məsilən: dəstyr, dərəx, səltənət.

ئە سوزىنىڭ ئاخىرىدا كام ئۇچرايدۇ. پەقەتلا مونۇ سوزلەرنىڭ كېيىنكى بوغۇملىرىدا يېزىلىدۇ. مەسىلەن: تەنتەنە، شائىرە، غەللە.

Ә сөзниң ахирида кам учрайду. Пәқәтла мону сөзләрниң кейинки боғумлирида йезилиду. Мәсилән: тәнтәнә, шаирә, ғәллә.

Ə sөzniŋ axirida kam uciraidu. Pəqətla monu sөzləzniŋ kejinki boƣumlirida jezilidu. Məsilən: təntənə, şairə, ƣəllə.

كوپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا تېگىشلىك ھەرپلەرنى يېزىڭلار.

مەسىلەن: بال...لار. كىتاپ...ر، مۇئەللى...

Көп чекитләрниң орниға тегишлик һәрипләрни йезиңлар. Мәсилән: бал...лар, китап...р, муәлли...

Kөp cekitləzniŋ orniƣa tegişlik həriplərni jeziŋlar. Məsilən: bal...lar, kitap...z, muəlli...

تەھرىر ھەيئىتى

Елипбә мәшғулати

ئېلىپبە مەشغۇلاتى

Уйғур елипбәси		Латинчә	Әрәпчә	Уйғур елипбәси		Латинчә	Әрәпчә
Басмичә	Язмичә			Басмичә	Язмичә		
А а	А а	A a	ئا	Ө ө	Ө ө	Θ θ	ئۆ ۆ
Ә ә	Ә ә	Ə ə	ئە	П п	П п	P p	پ ﭘ
Б б	Б б	B b	ب ﺑ	Р р	Р р	R r(z)	ر
В в	В в	V v	ۋ	С с	С с	S s	س
Г г	Г г	G g(g)	گ	Т т	Т т	T t	ت ﺗ
Ғ ғ	Ғ ғ	Ƣ ƣ	غ ﻏ	У у	У у	U u	ئۇ ۇ
Д д	Д д	D d	د	Ү ү	Ү ү	Y y	ئۈ ۈ
Е е	Е е	E e	ئې ې	Ф ф	Ф ф	F f	ف ﻓ
Ё ё	Ё ё		يو	Х х	Х х	X x	خ
Ж ж	Ж ж	Ƶ ƶ	ژ	Һ һ	Һ һ	H h	ھ
Җ җ	Җ җ	Ç ç	ج	Ц ц	Ц ц		تس
З з	З з	Z z	ز	Ч ч	Ч ч	C c	چ
И и	И и	I i	ئى ى	Ш ш	Ш ш	Ş ş	ش
Й й	Й й	J j	ئي ي	Щ щ	Щ щ		
К к	К к	K k	ك	Ь ь	ь		
Қ қ	Қ қ	Q q	ق	Ъ ъ	ъ		
Л л	Л л	L l	ل	Ы ы	ы		ئى ﯩ
М м	М м	M m	م	Э э	Э э	e	
Н н	Н н	N n	ن ﻧ	Ю ю	Ю ю		يۇ
Ң ң	Ң ң	Ꞑ ꞑ	ڭ	Я я	Я я		يا
О о	О о	O o	ئو و				

تەھرىراتنىڭ ئادرېسى: 480091، ئالمۇتا شەھرى، فۇرمانوۋ كوچىسى، 88. تېلېفونلار: 85‒43‒62، 82‒60‒62. گېزىت ژۇرنال نەشرىياتىدا نەشر قىلىندى. ئىندېكس 72877